# 10675 ـ قۇرئان ۋە سۈننەتتە ماختالغان ئىلىم ئەھلىلىرى

### سۇئال

سوئال: نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە ئىلىمنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئالىمنىڭ ناھايىتى كۆپ ئەجرگە ئېرىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇ ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن قايسى ئىلىم؟ ئۇ پەقەت دىنىي ئىلىملارنىلا كۆزدە تۇتامدۇ؟ ياكى بىئولوگىيە، فىزىكا ۋە ئىلېكترون پەن‑تېخنىكىغا ئائىت ھەرخىل بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:

مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىلىم قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن شەرىئەت ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەردىن قالغان مىراستۇر. پەيغەمبەرلەر مال‑ دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكىنى يوق، بەلكى بىلىم قالدۇرۇپ كەتتى.بۇ بىلىملەرنى ئۆگەنگۈچىلەر نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ.ئەگەر كىتابلاردا بىلىمنى مەدھىيلەپ تىلغا ئېلىنسا بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى چوقۇم قۇرئان، سۈننەت ۋە شەرىئەت دائىرىسىدىكى ئىلىملارنى يەنى ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسى؛ چۈنكى ئۇ قۇرئان ھەدىسنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنۈشنىڭ ئاساسىدۇر.ئىسلام مىراس قانۇنىغا دائىر بىلىملەر،ئىبادەت پىرىنسىپلىرى،ئىلىم‑ بىرىم مۇئامىلىسى، شەرىئەت جازا قانۇنى، شەرئي ئەرەب ئەدەبىياتى؛ چۈنكى ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ بىئوگرافىيىسىگە ئالاقىدار مەدەنىيەتلەر سۆزلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئۇسۇل فىقھى، تەۋھىد، ئەقىدە ۋە ئىسلام قائىدىلىرى قاتارلىق بىلىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلار بىلىشكە تېگىشلىك دۇنياۋى ئىلىملەرگە كەلسەك، بۇلارنى ئۆگىنىش فەرز كۇفايە بولۇپ، كىشىلەر بۇلارغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ئۇنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى بولغان كىشىلەرگە بۇلارنى ئۆگىنىش پەرزدۇر. ئەلۋەتتە ، بىئولوگىيە، خىمىيە قاتارلىق ئىلىملەردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەت بار، شۇنداق بولغانىكەن، دىنىمىز ئۇنى ئۆگىنىشنى چەكلىمەيدۇ، ئەكسىچە تەلەپ قىلىدۇ. (بەلكى، ئۇ بىلىم ساھىبى ئۆگەنگىنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نىيىتى بىلەن بىلىم ئىگەللىسە ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا يىتەرلىك ئەجىر ئاتا قىلغۇسى.‑ م‑) كۆپلىگەن ئالىملار مۇسۇلمانلار ئىچىدە زۆرۈر بولغان سانائەت ۋە ئىشلەپچىقىرش بىلىملىرىنى ئۆگىنىش پەرز دەپ قارايدۇ، يەنە يېتەرلىك ھالدا تىككۈچىلەر، تۆمۈرچىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئېھتىياجلىق كەسىپلەرنى ئۆگەنگۈچىلەر بولۇشى لازىم دەپ قارايدۇ.شەيخ ئابدۇللا ئىبن جىبرىن

مۇسۇلمانلار ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولغان ھەربىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش، (ئۆزىنى تاجاۋۇزچە كۆچلارنىڭ يامانلىقىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن بۇنىڭغا دائىر بىلىملەرنى ئىگەللەش) مۇسۇلمان ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈر ۋە بەكرەك مۇھىمدۇر.(شەيخ مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد).

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.